# HUGO BOSS

## تەمىنلىگۈچىنىڭ ئىش مىزانى

HUGO BOSSئىنسانىي ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش، مۇھىتنى قوغداشقا كۆچ چىقىرىدۇ
«HUGO BOSS تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەرنىڭ ئىش مىزانى»دا HUGO BOSS بىلەن تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەرنىڭ ھەمكارلىقى بولۇپمۇ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ( سىز ) تەمىناتى تەگشەپ تەرتىپكە كىرگۈزۈلدى. سىز تۆۋەندە باشلىقىڭىزنىڭ چوقۇم سىزگە كاپالەتلىك قىلغان ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكىڭىزنى بايان قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ چىقىسىز. سىزنىڭ «تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەرنىڭ ئىش مىزانى»نى تولۇق زىيارەت قىلىش ھوقۇقىڭىز بار، ئۇنىڭدىن باشقا، خوجايىنىڭىز چوقۇم بۇ يەردە مۇزاكىرە قىلىش تېمىسىدا سىزنى تەربىيلىشى كېرەك. ئەگەر ھەرقانداق ئەرز قىلىش، ئېنىقسىز ياكى مەسىلە بولسا، ھەرۋاقىت HUGO BOSSبىلەن بىۋاستە ئالاقىلاشسىڭىز بولىدۇ. بىز سىز ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن سەمىمىي مۇلازىمەت قىلىمىز!

### ئەرز قىلىش مېخانىزمى

سىزنىڭ ھوقۇقىڭىز، خىزمەت شەرتىڭىز ياكى كىشىلىك ھوقۇقىڭىز توغۇرلۇق ئەرز-شىكايەت ياكى سۇئاللىرىڭىز بارمۇ؟
HUGO BOSS
نىڭ مۇستەقىل ۋە ئەركىن پاش قىلىش سىستېمىسى بىلەن ئالاقىلىشىڭ. پاش قىلىش سىستېمىسى كۆپچىلىككە ئېچىۋېتىلدى! ئەنسىرىشىڭىز مەخپىي بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

ئىككى ئۆلچەملىك كود سكاننېرلاپ ئالاقىلىشىش ئۇسۇلى ( كۆپ خىل تىل ):

ۋەياكى تۆۋەندىكى ئۇلىنىش ئارقىلىق:

قانال بىلەن سۆھبەتلىشىڭ
(convercent.com)

### ساغلاملىق ۋە بىخەتەرلىك

سىزنى خىزمەت ئىشلەتكۈچىنىڭ سىزنىڭ خىزمەت ئورنىڭىزنىڭ بىخەتەر بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش مەسئۇلىيىتى بار، ھەمدە سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىزگە خەۋپ يەتكۈزمەسلىككە ئىگە بۇلىشى كېرەك، مەسىلەن نۇر يېتىشمەسلىك ياكى شاۋقۇن. تازىلىق ئۆيى چوقۇم پاكىز، ئەر-ئايال ئايرىۋېتىلگەن بۇلىشى كېرەك. سىز خالىغان ۋاقىتتا تازىلىق ئۆيىنى ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ سىزنىڭ ياللىغۇچىڭىزنىڭ بۇ ئۇقتىنى چەكلىشى ياكى تۇراقلاشتۇرۇشىغا بولمايدۇ. ئەگەر خىزمەتتە ئېھتىياجىڭىز بولسا، مۇداپىئەلىنىش ئۈسكۈنىسىگە ئېرىشىش ھوقۇقىڭىز بار.

### ھۆرمەت ۋە ئىززەت - ھۆرمىتى

خىزمەتچى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، مەيلى يېشىڭىز، جىنسى، تېرە رەڭگى، قىزىقىشىڭىز، ئەقلىي ياكى جىسمانىي مېيىپ، كېلىپ چىقىش، دۆلەت تەۋەلىكى، ئىرقى ياكى مىللەت، ئىجتىمائىي توپ، دىنىي ياكى دۇنيا قاراش، سىياسىي قاراش، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزاسلىق سالاھىيتى ياكى باشقا شەخسىي ئالاھىدىلىكىڭىزدىن قەتئىينەزەر، ئادىل، باراۋەر مۇئامىلىگە ئېرىشىشكە ھوقۇقلۇق. ھەرقانداق ئادەمنىڭ سىزگە جىنسىي پاراكەندىچىلىك سېلىش،تۇتۇش ياكى خورلاش ھوقۇقى يوق. بۇ ئوخشاشلا سۆز ئارقىلىق ياكى پسىخىكىلىق خورلاشقا ماس كېلىدۇ.

### ئىنسانىي خىزمەت شارائىتى

خىزمەتچى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، خىزمەت جەريانىدا ھۆرمەتلىنىش ھوقۇقىڭىز بار. سىزنىڭ ئىززەت-ئابرويىڭىز، شەخسىي سىر ۋە كىشىلىك قەدىر-قىممىتىڭىز دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىسا بولمايدۇ.

### بالا ئىشچىلىرىنى ئىشلىتىش مەنئىي قىلىنىدۇ

باللارنى ياللاپ ئىشلىتىشكە يول قويۇلمايدۇ!
خىزمەتچى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، چوقۇم 15 ياشقا توشۇشىڭىز ھەمدە مەجبۇرىيەت مائارىپىنى تاماملىشىڭىز كېرەك.

### سودا ئەخلاقى

HUGO BOSS بارلىق تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەرنىڭ دۆلەتنىڭ قانۇنى ۋە خەلقئارادا قوللىنىش ئۆلچىمىگە رىئايە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئالدامچىلىق، چىرىكلىشىش ۋە ھەرقانداق شەكىلدىكى نامۇۋاپىق مەنپەئەتلىنىش مەنئىي قىلىنىدۇ.

### خىزمەت ۋاقتى

نورمال خىزمەت ھەپتىسىدە سىزنىڭ خىزمەت ۋاقتىڭىز 48 سائەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك ئەگەر ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلىسىڭىز، ھەر ھەپتىدە 60 سائەتتىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. سىز چوقۇم ئىختىيارىي ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەشكە ھەمدە تۆلەمگە ئېرىشىشكە قوشۇلغان بولۇشىڭىز كېرەك. سىزنىڭ ھەر ھەپتىدە ئاز دېگەندە بىر كۈن ئارام ئېلىش ھوقۇقۇڭىز بار.

### مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش مەنئىي قىلىنىدۇ

خىزمەتچى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، بۇ يەردە خىزمەت قىلىشنى ئەركىن تاللىسىڭىز بولىدۇ، ھېچقانداق شەكىلدە خىزمەتچى قوبۇل قىلىش ھەققى تۆلىمەيسىز. ھېچكىم سىزنى ئارزۇيىڭىزغا خىلاپ ھالدا بۇ يەردە ياكى باشقا جايلاردا خىزمەت قىلىشقا مەجبۇرلىيالمايدۇ ۋە چەك قويالمايدۇ. سىز خالىغان ۋاقىتتا ئىستىپا بەرسىڭىز بولىدۇ. سىزنىڭ سالاھىيەت ئىسپات ھۆججىتىڭىزنى سىز ساقلايسىز.

### مۇھىت ئاسراش

سىزنىڭ ياللىغۇچىڭىز چوقۇم سودا پائالىيىتىنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى ئازايتىشى كېرەك. ھېچ بولمىغاندا، مۇھىت ئاسراش قانۇن-نىزاملىرىغا چوقۇم رىئايە قىلىش كېرەك. تەبىئىي بايلىقتىن سىجىل ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش كېرەك . ئادەمنى قوغداش، ھايۋانلار ۋە مۇھىتنى قوغداش ھەممىدىن مۇھىم.

### تۆلەم ۋە مائاش

سىز چوقۇم نورمال خىزمەت ھەپتىسى ئىچىدە ئاز دېگەندە قانۇندا بەلگىلەنگەن ئەڭ تۆۋەن مائاشقا ئېرىشىشىڭىز كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، سىزنىڭ ئالاھىدە پاراۋانلىققا ئالاقىدار باشقا بارلىق قانۇنىي تەلەپلەرگە ئېرىشىش ھوقۇقىڭىز بار، مەسىلەن كېسەل رۇخستى مائاشى ياكى بالا بېقىش ياردەم پۇلى.

### تەشكىلات ئەركىنلىكى ۋە كوللىكتىپ سۆھبەت

ئىشچى-خىزمەتچى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، قانۇن يول قويۇلغان ئەھۋالدا، سىز خىزمەتچىلەر تەشكىلاتىغا قاتنىشىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى مەقسەت قىلغان ھالدا تەشكىلات قۇرسىڭىز بولىدۇ. سىزنىڭ خىزمەت شەرتىڭىزنى سۆھبەتلىشىشكە ھوقۇقىڭىز بار، بولۇپمۇ مائاشنى،ھېچكىم بۇنىڭ بىلەن سىزنى جازالىيالمايدۇ.

© 2021 HUGO BOSS